ئا: سىلەر قاچان توپ مۇسابىقىسىگە بارىسىلەر؟

ئە: (بىز)

| |
|---|
| ئىشتىن چۈشكەندىن |
| لېكسىيە تۈگىگەندىن |
| نۇرىلار قايتقاندىن |
| كىنو تارقىغاندىن |

كېيىن بارىمىز.

## تېكىست

I

### ۋاپاسىزلىق

ئىككى بالا چۆلدە كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ بىرى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئىككىنچىسى ئۆلگەن بولۇپ شۇ يەردىلا يېتىۋاپتۇ. ئېيىق كېلىپ، يېتىۋالغان بالىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئۇنى بىر پەس پۇراپ كۆرۈپتۇ – دە، ئۇنىڭدىن تىنىق چىقمىغانلىقىنى سېزىپ، بۇ يەيدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئېيىق كۆزدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن بالا ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئېيىق قۇلىقىڭغا بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇ نېمە دېدى» دەپ سوراپتۇ. ئاغىنىسى: « ئېيىق ماڭا دوستۇڭنى دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر، ئاغىنەڭ قورقۇنچاق ئىكەن، قورقۇنچاق كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. ئېغىر كۈنلەردە ئەسقاتمايدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق دوست بولۇپ قالغان بولغىيتتىڭ؟»دېدى، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

167

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھېلىقى قورقۇنچاق بالا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ، شۇنداقلا ھەرگىز قورقۇنچاقلىق قىلماسلىققا، ئاغىنىسىدىن ئايرىلماسلىققا نىيەت باغلاپتۇ.

II

### دۇكانغا بېرىش توغرۇلۇق سۆھبەت

ئا: بىردەمدىن كېيىن دۇكانغا بارماقچىمەن. سىز بارامسىز؟

ئە: باراي، نېمە ئالماقچىسىز؟

ئا: سىياھ، لۆڭگە، سوپۇن ئالماقچىمەن. سىزچۇ؟

ئە: مەن يۇڭ ياغلىق، پايپاق، ماركا ئالماقچىمەن، يەنە خەت سالماقچىمەن، ھازىر ماڭامدۇق؟

ئا: ئابلىزمۇ بارماقچى. ئۇ ھازىر كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىرگە بارايلى.

## يىگىرمە بىرىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىدارلىق ياشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

ئېكىسكۇرسىيىچىلەر ئۆسمۈرلەر سىزغان رەسىملەرنى كۆرمەكتە.

مۇئەللىم قىزغىن ھېسىياتتا دەرس سۆزلىمەكتە.

II

ئا: يەكشەنبە كۈنى نېمە قىلماقچىمىز؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: يەكشەنبە كۈنى | تازىلىق قىلماقچىمەن<br>بازارغا بارماقچىمەن<br>تاپشۇرۇق ئىشلىمەكچىمەن<br>كىنو كۆرمەكچىمەن | . |



III

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۈگۈن ئاخشام | تېلېۋىزور كۆرمەكچىمۇسىز<br>دەرس تەكرارلىماقچىمۇسىز | ؟ |
| ئە: ياق، مەن | تېلېۋىزور كۆرمەكچى<br>دەرس تەكرارلىماقچى | ئەمەسمەن. |

ئا: ئەمىسە نېمە قىلماقچىسىز؟

ئە: مەن مۇز تېيىلىشقا بارماقچىمەن.

ئا: يالغۇز بارامسىز؟

ئە: ياق، قاسىم بىلەن بىرگە بارماقچىمىز.

IV

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Konuşan kişi komşumun oğludur.
2) Gelecek hafta seçimler yapılacak.
3) Adil ile bütün gece geçmiş günleri konuştuk.
4) Sınıfını geçen arkadaşlarım tatile gidecekler.
5) Onun elleri kırılsın istiyorum.
6) Öpülesi eller ile kırılası elleri iyi ayırmak lazım.
7) Çözülemez bir problemle karşı karşıyız.
8) Onun atar damarında bir problem var.
9) Öğretmen koşar adımlarla içeri girdi.
10) Okuduğum kitap hoşuma gitmedi.